# كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ماھىيەتنى ئېنىق تونۇپ، قەتئىي تۈردە «ئۈچ خىل كۈچ» ھەم ئۇنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك

□ شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى جۇرئەت تۇردى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن داغ تەگكۈزۈلدى، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاندى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىندى، ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلدى، پاكىت بۇرمىلاندى. بىز بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى ھەيران قالدۇق، ئىنتايىن غەزەپلەندۇق، قەتئىي قارشى تۇرىمىز. بىر جاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى پەقەت شۇ جايدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرلا ئەڭ چوڭقۇر بىلىدۇ، ئامېرىكىنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇۋېلىپ، ئۆز يېرىدە ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغانغا نېمە سالاھىيىتى بولسۇن!

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. شىنجاڭ ئىلگىرى ئەسەبىزم، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ چوڭقۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بەردى، بۇ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلدىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. ھازىر، شىنجاڭدا ئىقتىساد تەرەققىي قىلماقتا، جەمئىيەت مۇقىم بولماقتا، ھەر مىللەت ئاممىسى خاتىرجەم ياشىماقتا، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدە باراۋەر ئۆتۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ ھەممىسى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك چىقىشىپ ئۆتۈۋاتىدۇ، چەكسىز بەختلىك ياشاۋاتىدۇ!

«ئاياغنىڭ پۇتقا مۇۋاپىق كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى پەقەت ئۆزى كىيگەندىلا بىلگىلى بولىدۇ». شىنجاڭنىڭ ئىشىدا پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئۇ يەردە ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىشىغا، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشىغا موھتاج ئەمەسمىز. شىنجاڭنىڭ مەنبەدىن تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ يامىرىشى ۋە زوراۋان تېررورىزمنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى ئۆگىنىشنى ئاساسىي ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلغان تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئاشۇ ئاممىنى كەسپىي دەرسلىك تەربىيەسى ۋە ھەقسىز تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈردى ۋە قاندۇردى. نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى ئۆگىنىش ئارقىلىق ماھارەت ئىگىلەپ، كىرىمى يامان ئەمەس خىزمەت تاپتى، ئائىلە تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، پۈتۈن ئائىلە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. مانا بۇ پولاتتەك پاكىت! شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى خەتەر گىرداۋىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن كىشىنى قۇتقۇزۇۋالدى، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرى ئازايتىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشى زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قېلىندى. ئەمما غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، خالىغانچە قارا چاپلاپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلارنىڭ قەبىھ غەرىزىنىڭ چاۋىسى چىنتقا يېيىلىپ، كىشىلەر يەنە بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ساختا ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى، ئۇلار جەزمەن شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان بارلىق خاتا سۆز - ھەرىكەتلىرىنى دەرھال توختىتىشى كېرەك.

ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق — بەخت، بۆلگۈنچىلىك، قالايمىقانچىلىق — ئاپەت، ئەتراپىمىزدىكى قوشنا دۆلەت ئافغانىستانغا قاراپ باقايلى، يەنە ئوتتۇرا شەرقتىكى سۈرىيە، ئىراققا قاراپ باقايلى، تېررورىزم ۋە ئەسەبىي كۈچلەر ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان تېگى يوق ھاڭنىڭ گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى، ئۇلار ئامالسىز يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ قېچىش يولىغا قەدەم ئالدى. «ئۈچ خىل كۈچ» ئافغانىستان، سۈرىيەدىكى ئاپەتنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، شىنجاڭنى قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇندى، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايمىز.

ئۇيغۇرلاردا مۇنداق ماقال - تەمسىل بار: «ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى خۇددى ئورماندىن ئايرىلىپ قالغان بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ.» «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ تارىخىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، «قوش پان» ئىدىيەسىنى ھە دەپ بازارغا سېلىپ، تارقىتىپ، مىللىي كەيپىياتقا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان جىنايەت ئىدىيەسىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى، ئۇلار جەزمەن مىللەتنىڭ گۇناھكارى بولۇپ قالىدۇ، جەزمەن ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ! ئەمما ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، بۇغىنى ئات قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولدى، ئۇلار ئوپئوچۇق «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىرىدۇر. بىز چوقۇم كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ماھىيەتنى ئېنىق تونۇپ، قەتئىي تۈردە «ئۈچ خىل كۈچ» ھەم ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، «ئۈچ خىل كۈچ» ھەم ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانى قىلىپ بېكىتىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئۇ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئومۇمىي پىروگراممىسى. بىز ھەربىر شىنجاڭلىق جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي باش نىشاننى چۆرىدەش، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمى قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى دەل جايىدا ئويلاپ، دەل جايىغا قويۇپ، دەل جايىغا تۇرغۇزۇپ، دەل جايىدا ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە «ئۈچ خىل كۈچ»تىن ئىبارەت بۇ ئورتاق دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك، ھەربىر شىنجاڭلىق ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە سېپىلنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

«ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ بىزدىن بازىنى تالىشىش، ياشلارنى تالىشىش، ئەلرايىنى تالىشىش كۈرىشى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە قارشى تۇرۇش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۆتكۈر، مۇرەككەپ بولۇۋاتقان ۋەزىيەتكە يۈزلىنىۋاتقان ئىكەنمىزدە، شىنجاڭدىكى ياش - ئۆسمۈرلەر، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت باش تارتىپ بولمايدىغان دەۋر مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن. بىز ئالىي مەكتەپ بازىسىنى چىڭ ساقلاپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق «بەش قاراش»نى ئېنىق سىڭدۈرۈپ، «قوش پان» ئىدىيەسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئېغىر خەۋپىنى تەشۋىق قىلىپ، كۆز قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پوزىتسىيەنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، ئاچىق ھالدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى بۇرچ - ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك؛ ئوقۇغۇچىلار ئاچىق ھالدا شەخسىي غايە، ئىنتىلىشنى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيۈپ دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇش ۋە چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، بۆلگۈنچىلىككە، ئەسەبىي سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، سۈكۈت قىلىدىغان كۆپ سانلىقلاردىن بولماسلىقى كېرەك؛ ھەر مىللەت ئاممىسى ئاچىق ھالدا ئەسەبىيلىكتىن يىراق تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقتىن يىراق تۇرۇپ، زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلار ھەم ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىرىنىڭ رەزىل غەرىزى ۋە ماھىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشى كېرەك، زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، سۈكۈت قىلىدىغان، يول قويىدىغان، ھەتتا قوللايدىغان ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مىللىتىمىزنى ھالاك قىلىدۇ، بىزنىڭ بەختىمىز ۋە كەلگۈسىمىزنى دەپنە قىلىدۇ! ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئاچىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قەتئىي ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا سىغدۇرۇپ، ئۆزئارا زوقلىنىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نادانلىقتىن يىراق تۇرۇپ، ئەسەبىيلىكتىن يىراق تۇرۇپ، تىرىشىپ مەدەنىيلىكنىڭ يېتەكلىگۈچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى بولۇپ، ياشلىقتىكى سادا، ياشلىقتىكى كۈرەش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئۇلۇغ ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاش داۋامىدا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. «ئۈچ خىل كۈچ» ھەم ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىرىنىڭ رەزىل غەرىزىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ھەر ۋاقىت مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن، كاللىسى سەگەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، قىزىل سىزىق ئېڭى ۋە تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مائارىپ بازىسىنى ياخشى ساقلاپ، دەرس مۇنبىرىنى ياخشى ساقلاپ، قەتئىي ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ» ھەم ئۇلارنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك!

# ئامېرىكىنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، زومىگەرلىككە قاتتىق قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشىمىز كېرەك

□ سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس غەيرەت مۇھەممەت

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە پاكىتقا كۆز يۇمۇلۇپ، ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان، نامىدا «كىشىلىك ھوقۇق»، ئەمەلىيەتتە «زوراۋانلىق» بولۇپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشقا تولغان، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى يوققا چىقىرىلغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي ھېس - تۇيغۇسىغا پىسەنت قىلىنمىغان، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا مىزانىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ قارا چاپلىغان، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىگەن، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقان رەزىل قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلەندىم.

ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدا پەيدا قىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەي، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، خەلقئارادا خاتا ئاممىۋى پىكىر پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە ئۈزلۈكسىز قارا چاپلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى توستى. بۇگۈنكى كۈندە يەنە ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاش ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ مەدەت بېرىشكە ئۇرۇندى، ئامېرىكىدىكى بىرقىسىم سىياسەتۋازلار ۋە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنى توسۇش، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تامامەن ئاشكارىلىدى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسى پۈتۈنلەي ئاشكارىلىنىپ، جۇڭگو خەلقى، ھەتتا دۇنيا خەلقى ئۇنىڭ ساختا ئەپت - بەشىرىسى ۋە رەزىل نىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى.

ئامېرىكا شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى كېرەككى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش بىر ئائىلە كىشىلىرى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە، شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن - ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتەن ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەلدى، مەيلى ئىلگىرى، ھازىر، ياكى كېيىن بولسۇن، ھەرقانداق كۈچ بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئىرادىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ھەرقانداق دۆلەت، رايوننىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى ھامان تارىخنىڭ كۆلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شىنجاڭ «بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيەلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. بولۇپمۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، ئەسەبىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، مەجبۇرلانغان، شۇنداقلا قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەر ئاكتىپلىق بىلەن تەربىيەلىنىپ - قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، ياردەم بېرىلىپ - يۆلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا، قانۇن بىلىملىرىنى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىلدى، ئۇلارنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ قۇربانى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن تىرىشىپ يوقىتىلدى، ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ئۈنۈملۈك تۈگىتىلدى، جەمئىيەت كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، مۇقىملىقنىڭ پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى. 2019 - يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، شىنجاڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن جەمئىي 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.62% ئاشتى، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 341 مىليارد 732 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، ساياھەتچىلىكتە شىددەت بىلەن ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى سىجىل ئاشتى، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا چەكسىز جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ نامايان بولدى.

شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئىنسانىيەت ھەققانىيلىقى، مەدەنىيلىكنىڭ رەزىللىككە، ياۋۇزلۇققا قارشى كۈرىشىدۇر. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى مۇتلەق دانا، تامامەن توغرا، ئامېرىكىنىڭ بۇرمىلاپ، بوھتان چاپلىشى شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ زەھەرخەندە ھۇجۇمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىنى توختىتىپ قويالمايدۇ.

مەن شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، بىز تىنچ، ئىناق، گۈللىنىپ تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، باشتىن - ئاخىر ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قوغداشنى سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزۈپ بەرگەن ئۇلۇغۋار پىلان بويىچە، بالدۇر تۇتۇش، كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇش، تېز تۇتۇش، ياخشى تۇتۇشنى مەۋقە قىلىپ، ئۇزاققىچە ئەسقاتىدىغان سىياسەتنى كۆزلەش، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتىنى يارىتىش، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بوشاشماي كۈچ چىقىرىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئۆزئارا ھەمدەمدە بولسا، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، جۇڭگونىڭ ئەتىسى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يامان ئىشنى كۆپ قىلغانلار ئۆزى ھالاك بولىدۇ، باشقىلارغا ئورا كولىغانلار ئاقىۋەتتە ئۆزى چۈشىدۇ، ئامېرىكا ئەگەر ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈۋەرسە، ئۆزى قىلغان ئەسكىلىكنىڭ دەردىنى چوقۇم ئۆزى تارتىدۇ، ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ.